# جىھاد قىلىشتىكى ھېكمەت نېمە؟

[ئۇيغۇرچە]

﴿الحكمة من الجهاد﴾

[باللغة الأويغورية ]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ



1431 – 2010

islamhouse.com

# جىھاد قىلىشتىكى ھېكمەت نېمە؟

21961 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

«جىھاد قىلىش» دېگەن سۆزدىن مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئۆلتۈرۈش دېگەن چۈشەنچە بېرىلەمدۇ؟.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر.

جىھاد دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىدە: ئىنسان بارلىق كۈچ قۇۋۋىتى ۋە تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىش دېمەكتۇر.

شەرئىي ئاتالغۇ مەنىسىدە: مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە زېمىندا دىنىنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشىدۇر.

ئىسلام دىنىدا جىھاد قىلىشتىكى مەقسەت پەقەت مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى زېمىندا ئاللاھنىڭ دىنىنى تۇرغۇزۇش، قانۇنىنى ئىجرا قىلىش، بەندىلەرنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشتىن بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، باتىل دىن ۋە سىياسەتلەرنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار». [ سۈرە ئەنپال 39ـ ئايەت ].

شەيخ ئابدۇرەھمان سەئدى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىن بولغان مەقسەتنى سۆزلىدى، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت كافىرلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، مېلىنى ئىلىۋېلىش ئەمەس، بەلكى دىننى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى باشقا بارلىق باتىل دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش، بۇنىڭغا زىت بولغان شېرىك ۋە باتىل پرىنسىپلاردىن مۇداپىئە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر . بۇ ئايەتتە سۆزلەنگىنى پىتنىدۇر. ئەگەر مەقسەت ھاسىل بولسا، ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنى يوق. تەپسىر سەئدى 98-بەت.

بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان كاپىرلارمۇ جىھادتىن مەنپەئەت ئالىدۇ، بىز ئۇلار بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنىدىغان دىنغا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىمىز، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە نىجات تېپىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر». [ ئال ئىمران 110-ئايەت ].

ئىمام بۇخارىي 4557-نومۇرلۇق ھەدىستە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» دېگەن ئايەتنى شەرھىلەپ؛ «يەنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، ھەتتا ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى زەنجىرىدە باغلاپ ئىلىپ كېلىسىلەر».

ئىبنى جەۋزىي يۇقىرىقى ھەدىستە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ باغلىنىدۇ، ئىسلامنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مۇسۇلمان بولىدۇ ئاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ».

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۆز يولىدا جان پىدا قىلالايدىغان بۈيۈك ئىمان، قەتئىي ئىرادە، باتۇرانە روھ ئاتا قىلسۇن.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.